# جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق يېزىلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق يېزىلى**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى **شى جىنپىڭ**

بۇ يىل جۇڭگو ـ چاۋشيەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. بۇ تارىخىي پەيتتە، چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى، دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى يولداش جىن جېڭئېننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مەن «دوستلۇققا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى سەھىپىنى داۋاملىق يېزىلى» دېگەن گۈزەل ئارزۇنى قەلبىمگە پۈكۈپ، پات ئارىدا چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىمەن.

ئەينى يىللارنى ئەسلىسەك، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتتىكى پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلەر ئورتاق غايە ـ ئېتىقاد ۋە چوڭقۇر ئىنقىلابىي دوستلۇقنى قەلبىگە پۈكۈپ، قول تۇتۇشۇپ جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئورنىتىپ، بىزگە ئورتاق بولغان قىممەتلىك بايلىق قالدۇردى. جۇڭگو بىلەن چاۋشيەنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد رەھبەرلىرى ئىزچىل قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىش تولغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سەممىي ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخىدىكى ئاجايىپ داستاننى پۈتتى.

ئۆزاقتىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن چاۋشيەندىكى ئىككى پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەيلى تاشقى تاجاۋۇزچىلىققا ئورتاق قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە بولسۇن ياكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا بولسۇن، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئىشىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى، بۇنى «ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدىغان، ئىنتايىن قىممەتلىك» دوستلۇق دېيىشكە بولىدۇ.

ئۆرۈق ـ تۇغقانلار ئېچىل ئۆتۈشى، قوشنا ـ قولۇملار ئىناق ئۆتۈشى كېرەك. ياخشى يولداش، ياخشى قوشنا بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەيلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن، جۇڭگو پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو بىلەن چاۋشيەنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش قەتئىي مەيدانى ئۆزگەرمەيدۇ، جۇڭگو تەرەپ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېننىڭ چاۋشيەن پارتىيەسى ۋە خەلقىنى يېتەكلەپ، يېڭى ئىستراتېگىيەلىك لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، چاۋشيەنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇشنى قەتئىي قوللايدۇ.

جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، تىنچلىقنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلىدۇ. بىز شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۇقكى، كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېننىڭ توغرا تەدبىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، يېرىم ئارال تىنچلىق سۆزلىشىشىنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى شەكىللەندى، يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتكە دۇچ كېلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى ۋە ئۈمىدكە ئايلاندى. جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەنلىك يولداشلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، رايوننىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىك زور پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئورتاق پىلانلاشنى خالايدۇ.

70 يىل جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولدۇق، 70 يىل جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. مەن ۋە كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېننىڭ ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە تۈرتكە بولۇشىدا، 70 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يېڭى جانلىق ھاياتىي كۈچنى نامايان قىلماقتا. ئەجدادلارنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئاساسەن، جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق يېزىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋردە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىپ، رايون، ھەتتا دۇنيا تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىشەنچىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز بار.

شۇڭا مەن بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن ۋە چاۋشيەنلىك يولداشلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتنى پىلانلاپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ يېڭى سەھىپىسنى پۈتۈشنى خالايمەن.

—— ئىستراتېگىيە جەھەتتىن پىكىرلىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىغا يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشۇشىمىز كېرەك. يۇقىرى قاتلاملىقلار ئالاقىسىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. ھەرقايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشى ۋە ماسلىشىشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەلەر ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى تەجرىبىلەردىن ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

—— دوستانە ئالاقە ۋە ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك. كېڭىشىپ بېكىتىلگەن ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستانە بېرىش ـ كېلىشىنى كېڭەيتىپ، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساياھەت، ياشلار، يەرلىك، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەت تەرەققىيات ئىشلىرىغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇق مەشئىلىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈپ، مەڭگۈ يالقۇنجىتىشىمىز كېرەك.

—— پىكىر ئالماشتۇرۇش ـ سۆزلىشىش ۋە ماسلىشىش ـ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رايوننىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك. يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىش، يېرىم ئارالنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز تەرەققىيات ئېھتىياجى ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەن تەرەپنىڭ يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىنى قوللايدۇ، سۆزلىشىش ئارقىلىق چاۋشيەن تەرەپنىڭ مۇۋاپىق كۆڭۈل بۆلۈشىنى ھەل قىلىشنى قوللايدۇ، چاۋشيەن تەرەپ ھەم مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يېرىم ئارال مەسىلىسىگە ئائىت سۆزلىشىش، كېڭەشنىڭ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىشىگە ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، رايوننىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

«بىزنىڭ ئۇلۇغ دوستلۇقىمىز بار، بىزنىڭ ئورتاق غايىمىز بار، ئىتتىپاقلىقىمىزنى قەتئىي چېقىتالايدۇ.» خۇددى «جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇق ناخشىسى»دا ئىپادىلەنگەنگە ئوخشاش، مەيلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن، بىز ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىز چاۋشيەنلىك يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋردە دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايمىز.

مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقىدىن ئىبارەت بۇ كۆككە تاقاشقان چوڭ دەرەخ جەزمەن تېخىمۇ باراقسان ئۆسىدۇ، مەڭگۈ ياشناپ تۇرىدۇ!

### شى جىنپىڭ جاۋاب خەت يېزىپ بېيجىڭ تەنتەربىيە داشۆسى ئاسپرانت چېمپىيونلار سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈردى

# تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇڭلار جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ تارقىتىڭلار

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىلەرنىڭ داۋاملىق باشلامچىلىق بىلەن ئىلدىشىپ، غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇشقا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىڭلارنى، جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ تارقىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

2003 ـ يىلى، بېيجىڭ تەنتەربىيە داشۆسى ئاسپرانت چېمپىيونلار سىنىپى تەسىس قىلىپ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، دۇنيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە يەككە تۈردە چېمپىيون بولغان ۋە كوللېكتىپ تۈردە چېمپىيون بولغان تەنھەرىكەتچىلەرنى ھەم ئۇلارنىڭ تىرېنېرلىرىنى مەخسۇس قوبۇل قىلغانىدى. 2016 ـ يىللىق ئاسپرانت چېمپىيونلار سىنىپىدا ھازىر 24 ئوقۇغۇچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى چېمپىيونىدىن سەككىزى، دۇنيا چېمپىيونىدىن 14ى، چېمپىيون تىرېنېردىن ئىككىسى بار. يېقىندا، بۇ سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، ئۆگىنىش، مەشىق ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇشقا كۈچ تەقدىم قىلىش قىزغىنلىقى ۋە ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىنى ئۆز جايىنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي بايلىقى، ئادەمىيەت بايلىقىغا، خاس ئەۋزەل كەسىپلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك پەن تەتقىقات تۈرلىرىگە تايىنىپ، پائال تۈردە كەسىپ سۈپىسى بەرپا قىلىپ، تۈرلۈك ئىختىساسلىقلارنى ئىش قىلىدىغان سەھنە بولۇش، ئىگىلىك تىكلەيدىغان پۇرسەت بولۇش، تەرەققىي قىلىدىغان بوشلۇق بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئىختىساسلىقلارنى باشقۇرۇش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە يۆتكىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئىشتات باشقۇرۇش، ئۇنىۋان باھالاش، ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىش ۋە ئېلىپ ئىشلىتىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزەلەيدىغان، ئېلىپ قالالايدىغان، ياخشى ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشنى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئىختىساسلىقلارنىڭ تۈرلەردىكى ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئىختىساسلىقلارغا ياردەم بېرىش، يۆلەش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىش كېرەك. جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى قوللاش تورىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىختىساسلىقلارغا ياردەم بېرىش، يۆلەش، ھەمكارلىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپ ئەۋزەللىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنى نۇقتىلىق چۆرىدىگەن ھالدا ئىختىساسلىقلارنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، شۇ جايىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا جىددىي كېرەكلىك، كەمچىل ئىختىساسلىقلارنى يەنىمۇ جەلپ قىلىش ۋە تولۇقلاش كېرەك. يەرلىك ئىختىساسلىقلارنى ئېلىپ قېلىپ، ياخشى ئىشلىتىپ، جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاپ، يەرلىك ئىختىساسلىقلارنى ئېلىپ قېلىش ۋە ياخشى ئىشلىتىشنى شۇ جايدا ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇشنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شارائىت يارىتىپ ئىختىساسلىقلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىقلارنى جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە يىلتىز تارتىپ خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان قىلىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، شەرقىي قىسىمدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىنى ئىختىساسلىقلار جەھەتتە قوللاش خىزمىتىنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ بېكىتىشى كېرەك. جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىختىساسلىقلارنىڭ تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى پۇختا بېكىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئاۋۋال يولغا قويۇپ، ئاۋۋال سىناق قىلىپ، كۆپەيتىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان تەجرىبىلەرنى تىرىشىپ يارىتىشى كېرەك؛ تۈرلۈك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئادەم ئىشلىتىش سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىختىساسلىقلارنى كەڭ كۆلەمدە يېتىشتۈرۈشى، جەلپ قىلىشى، ياخشى ئىشلىتىشى كېرەك.

# ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس ئەنۋەر ئابدۇراخمان ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس ئەنۋەر ئابدۇراخمان ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

# شىنجاڭ شەرقىي تيانشان دۆلەت ئورمىنىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى جوۋ جېنشۆ ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** شىنجاڭ شەرقىي تيانشان دۆلەت ئورمىنىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى جوۋ جېنشۆ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

# خاس يۇقراۋى قونالغۇ شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۇرپان شەھىرىدە يېڭىدىن 210دىن ئارتۇق يۇقراۋى قونالغۇ سېلىنىپ قۇرۇلدى، 1460تىن ئارتۇق ياتاق يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. بۇلتۇر، تۇرپاندىكى ساياھەت يۇقراۋى قونالغۇلىرى جەمئىي 207 مىڭ 200 ئادەم قېتىم ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ، كىرىمى 29 مىليون 435 مىڭ يۈەنگە يەتتى، چوڭقۇر مەدەنىيەت ئامىلى سىڭدۈرۈلگەن، رايون خاسلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن يۇقراۋى قونالغۇلار شۇ جايدىكى پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندى.

شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى سىجىل جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ساياھەت كەسىپ ھالىتىنى بېيىتىشقا يېڭى تەلەپ قويىدى. ساياھەت يۇقراۋى قونالغۇلىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ساياھەت قونالغۇ تەسراتىنى بېيىتىشنىڭ يېڭى يولى ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ مۇھىم تۇتقىسىغا ئايلاندى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 2092 ساياھەت يۇقراۋى قونالغۇسى، 7978 ئېغىز ياتاق، 22 مىڭ 870 كارىۋات بار. 2018 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ساياھەت يۇقراۋى قونالغۇلىرىدا جەمئىي 2 مىليون 973 مىڭ 700 ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، 445 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى رايون ۋە مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە بايلىقلارنى چوڭقۇر قېزىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ يۇقراۋى قونالغۇلىرىغا يېڭى تەسرات ۋە يېڭى قىممەت ئاتا قىلدى. مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى شۇ جايدىكى يۆلياگدى كەنتى، شۈيموخې كەنتى قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەنتلەرنىڭ يۇرتنى سېغىندۇرۇش، ئەسلىتىشتەك ئۆزگىچىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھەقىقىي يېزا ـ كەنت پۇرىقىغا ئىگە يۇقراۋى قونالغۇ بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلەرگە ئوخشاش بولمىغان يېزا مەدەنىيىتىنى ھېس قىلدۇردى. تېكەس ناھىيەسىدە، ئۆزگىچە جەزبىدارلىققا ئىگە قاراجون يايلاق مەدەنىيىتى يۇقراۋى قونالغۇغا كۆچۈرۈلۈپ، يېپيېڭى قىياپەتتىكى ئەنئەنىۋى كىگىز ئۆي ۋە يېڭى تىپتىكى زامانىۋى كىگىز ئۆيلەر نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى كېلىپ ھېس قىلىپ بېقىشقا جەلپ قىلدى. «ئېگىزلىكتىكى مەرۋايىت» دېگەن نامى بار تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى يۇقراۋى قونالغۇ تەرەققىياتىدا ئېگىزلىك مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈردى، قويۇق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، ئۆزگىچە ئېگىزلىك مەنزىرىسى شۇ جايدىكى يۇقراۋى قونالغۇلارغا غايەت زور جەلپ قىلىش كۈچى قوشتى.

شىنجاڭنىڭ ساياھەت يۇقراۋى قونالغۇلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ساياھەت كەسپىگە قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى. تېكەس ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بەي يۈنيى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يەرلىك ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى قاراجون يايلىقى، چوڭقۇشتاي ئەنئەنىۋى كەنتى، كۆرە ساياھەت كىچىك بازىرى قاتارلىق ساياھەت، مەدەنىيەت بايلىقىغا قويۇپ، يەتتە ساياھەت يۇقراۋى قونالغۇسى توپلاشقان رايون بەرپا قىلدى. ھازىرغا قەدەر، بۇ ناھىيەدە رويخەتكە ئالدۇرۇلغان يۇقراۋى قونالغۇ 247گە، پۈتۈن ناھىيەدىكى ساياھەت يۇقراۋى قونالغۇ كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2500دىن كۆپرەككە يەتتى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون ساياھەت يۇقراۋى قونالغۇسى تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ساياھەت كەسپى ھالىتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ساياھەت ئىستېمالىنىڭ يېڭى قىزىق نۇقتىسىنى يېتىلدۈرمەكتە.